House of Commons

Foreign Affairs Committee

# Translation in Uyghur of the Summary, Conclusions and Recommendations of the Committee’s Second Report: Never Again: The UK’s Responsibility to Act on Atrocities in Xinjiang and Beyond

## The Foreign Affairs Committee

The Foreign Affairs Committee is appointed by the House of Commons to examine the expenditure, administration, and policy of the Foreign, Commonwealth and Development Office and its associated public bodies.

### Current membership

Tom Tugendhat MP (*Conservative, Tonbridge and Malling*) (Chair)

Chris Bryant MP (*Labour, Rhondda*)

Neil Coyle MP (*Labour, Bermondsey and Old Southwark*)

Alicia Kearns MP (*Conservative, Rutland and Melton*)

Stewart Malcolm McDonald MP (*Scottish National Party, Glasgow South*)

Andrew Rosindell MP (*Conservative, Romford*)

Bob Seely MP (*Conservative, Isle of Wight*)

Henry Smith MP (*Conservative, Crawley*)

Royston Smith MP (*Conservative, Southampton, Itchen*)

Graham Stringer MP (*Labour, Blackley and Broughton*)

Claudia Webbe MP (*Independent, Leicester East*)

### Powers

The Committee is one of the departmental select committees, the powers of which are set out in House of Commons Standing Orders, principally in SO No 152. These are available on the internet via www.parliament.uk.

### Publication

© Parliamentary Copyright House of Commons 2021. This publication may be reproduced under the terms of the Open Parliament Licence, which is published at www.parliament.uk/site-information/copyright-parliament/.

Committee reports are published on the Committee's website at www.parliament.uk/facom and in print by Order of the House.

### Committee staff

The current staff of the Committee are, Lauren Boyer (Clerk), Clare Genis (Committee Operations Manager), Jonathan Hibbert-Hingston (Committee Specialist), James Jennion (Committee Specialist), Danniella Kinder (Committee Support Apprentice), Alice Lynch (Committee Specialist), Antonia McAndrew-Noon (Media and Communications Officer), Chris Shaw (Clerk), Daniela Sindrestean (Committee Operations Officer), Hannah Stone (Senior Committee Specialist).

### Contacts

All correspondence should be addressed to the Clerk of the Foreign Affairs Committee, House of Commons, London SW1A 0AA. The telephone number for general enquiries is 020 7219 6106; the Committee's email address is fac@parliament.uk.

You can follow the Committee on Twitter using @CommonsForeign.

## شىنجاڭ تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرى :تولۇقلىما دوكلات

## ھەرگىزمۇ قايتىلانماسلىق كېرەك :ئەنگلىيەنىڭ شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭ سىرتىدىكى ۋەھشىيلىككە قارشى تۇرۇش مەسئۇلىيىتى

### قىسقىچە مەزمۇنى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى (XUAR) دىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرگە قارىتىلغان جىنايەتلەر ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق. خىتاي ھۆكۈمىتى بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى كەڭ كۆلەمدە تۇتۇپ تۇرۇش ، ئۇلارنى ساناۋەت كۆلەملىك مەجبۇرىي ئەمگەك پروگراممىلىرىغا مەجبۇرلاش ۋە ئاياللارنى مەجبۇرىي تۇغالماس قىلىۋېتىش، ۋە بالىلارنى ئائىلىدىن ئايرىش،مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنى ۋەيران قىلىش ئارقىلىق بۇ رايوندىكى ئۇيغۇر ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنماقتا.

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى كۈچسىز ئەمەس. تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدىغان ئەڭ ئىغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى سايىسىدا لايىھەلەنگەن خەلقئارا سىستېمىدا ب د ت قاتارلىق ئورگانلار ئىنكاس قايتۇرالايدۇ. خۇسۇسىي ئىگىلىكنى تەكشۈرۈش ، مەجبۇرىي ئەمگەكتىن پايدا ئالىدىغان كارخانىلارغا قارىتا تېخىمۇ قاتتىق قائىدىلەرنى يولغا قويۇش ئارقىلىق بىز خورلاشنى ئاشكارىلايمىز ۋە ئۇيغۇر خەلقىنى تېخىمۇ كۆپ قوللاش ۋە كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى قوغداش ئارقىلىق ئۇلارنى قوغدىيالايمىز. ھۆكۈمەتنىڭ ۋەھشىيلىكنى ئالدىن پەرەز قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى مەۋجۇت ئورۇنلاشتۇرۇشنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ، بىز مۇداپىئەسىزلەربىلەن مەسئۇلىيەتسىزلىككە قارشى بىر سەپتە تۇرالايمىز.

شىنجاڭدىكى ۋەھشىيلىك خەلقئارالىق ھەرىكەتكە ئۆتۈش چاقىرىقى. ئۇلار يەنە بىر قېتىم كۈچلۈك كۆز بويامچىلارنىڭ ئۆز خەلقىنى خالىغانچە باستۇرالايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇ دوكلاتتا ، كەڭ كۆلەملىك ۋەھشىيلىك قىلىۋاتقان چوڭ دۆلەتنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش لايىھىسى بىلەن تەمىنلەيمىز. بىز بۇ دوكلاتتا كۆرسىتىلگەن ھەر بىر ھەرىكەتنىڭ ئۈنۈمى باشقا دۆلەتلەر بىلەن ماس قەدەمدە ئېلىپ بېرىلسا زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىغانلىقىنى تەكىتلەيمىز. بۇ دوكلاتنىڭ ئاساسى شۇكى ، ھۆكۈمەت چوقۇم بارلىق يوللار ئارقىلىق شىنجاڭغا قارىتا ھەرىكەت بىرلەشمىسى قۇرۇشى كېرەك.

تونۇشتۇرۇش

1. بۇ دوكلاتتا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ۋە خەلقئارادىكى ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ جۇڭگو پارتىيە-ھۆكۈمىتىدىنشىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى[1] (XUAR) دا قىلىۋاتقان ۋەھشىيلىكنى توختىتىش ئۈچۈن تەلەپ قىلىنغان ئىنكاسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش قالپىقىدا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرگە قارىتا كەڭ كۆلەملىك ۋەھشىيلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى قىلماقتا. مەجبۇرىي ئەمگەك پروگراممىلىرى ، پراكتىكا لاگېرلىرىدا خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇش ، مەدەنىيەتنى يوقىتىش ، سىستېمىلىق باسقۇنچىلىق قىلىش ، مەجبۇرىي تۇغالماس قىلىۋېتىش، بالىلارنى ئائىلىدىن ئايرىش ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق كۆزىتىش سىستېمىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مەركىزى رەھبەرلىكى تەرىپىدىن تەستىقلانغان. بۇ دەلىللەرنىڭ كۆپىنچىسى تەكشۈرۈش جەريانىدا بىرىنچى قول ئىسپاتلارغا ئاساسلاندى.
2. بۇ ۋەھشىيلىكلەرنى ھەر خىل زىيالىلار مۇنبىرى، ئاخبارات تەشكىلاتلىرى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلار تەپسىلىي خاتىرىلىگەن. بۇ دوكلاتلارنىڭ تەپسىلاتىنى بۇ يەردە قايتا تەكرارلاشنىڭ ئورنىغا ، بىزنىڭ دىققىتىمىز ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ۋە باشقىلار شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەزىيىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن يولغا قويالايدىغان تەۋسىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ئىنسان ھەقلىرىنى ئەڭ ئېغىر دەپسەندە قىلغانلارنى جاۋاپكارلىققا تارتىشتا بولىدۇ.
3. جۇڭگو دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بىرى. كومىتېتنىڭ ، «ب يېڭى بىر قەيسەر ئەنگلىيە؟ ئەنگلىيە خەلقئارا سىياسىتىنىڭ كەلگۈسى» ۋە «ئىشخانىدا: ئەنگلىيەنىڭ كۆپ تەرەپلىك دىپلوماتىيىدىكى رولى» قاتارلىق دوكلاتلىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىنغاندەك ، يېقىنقى يىللاردا بېيجىڭنىڭ تېخىمۇ قارام، بەزىدە مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك تاشقى سىياسەتلەر ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئەۋزەللىكىنى تىكلەش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىنى كۆردى. شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئېغىر دەپسەندە قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى دوكلاتلار جۇڭگونىڭ خەلقئارا رەھبەرلىك قاتلىمىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ، ئىتتىپاقداشلارنىڭ ئورتاق قىممەت قاراشلىرىغا نىسپەتەن گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ سۇيىئىستېماللار - تەكشۈرۈلمىسە ، خەلقئارا سىستېمىنىڭ ئۆزىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ.

كۆپ تەرەپلىك ھەرىكەت

ئومۇمىي چۈشەنچە

4. جۇڭگونىڭ خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى قوبۇل قىلماسلىقى ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ رەت قىلىش ھوقۇقى (3-رامكىنى كۆرۈڭ) ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىنىڭ IX ماددىسىغا قوشۇلماسلىقى، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان ئىرىقى قىرغىنچىلىقنى بېكىتىشنى خەلقئارا سوتقىلا

ئارتىپ قويۇشتەك سىياستى ئەڭ ئىغىر قىلمىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا كەلگەندە ئۈنۈمسىز بولۇپ قالىدۇ. . خەلقئارا قانۇن سىستېمىسىنىڭ پالەچ بولۇپ قېلىشىدىن ئۈمىدسىزلىنىش كانادا ، گوللاندىيە ۋە ئەنگلىيەدىكى قانۇن چىقارغۇچىلارنى ئۆز ئالدىغا ئىرقىي قىرغىن قىلىش خىتابنامىسىنى ئېلان قىلىشىغا سەۋەب بولدى. ھۆكۈمەت شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى بېكىتىش توغرىسىدا پارلامېنتنىڭ كۆز قارىشىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

5. ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز سۆزى بىلەن ئېيتقاندا ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ بېكىتىلمىسىمۇ ئەمەلىي ھەرىكەت قوللىنىشى لازىم. ئەنگلىيە ۋە كەڭ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ خىتاينى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان ئىنسان قىلىپىدىن چىققان يىرگىنچلىك قىلمىشلىرى ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىش مەجبۇرىيىتى بار. بۇنداق قىلىش ب د ت سىستېمىسى ئارقىلىق ، ئاممىۋى ۋە خۇسۇسىي دىپلوماتىك بېسىملار ئارقىلىق ، ھەمدە ئۇيغۇرلارغا ۋە شىنجاڭدىكى باستۇرۇشقا دۇچ كەلگەن باشقا گۇرۇپپىلارنى قوللايدىغان بىرلەشمە قۇرۇش ئارقىلىق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى

6. ئەنگلىيەنىڭ ب د ت سۇپىسىدا داۋاملىق جۇڭگونى ئەيىپلىشى ماختىلىشقا ئەرزىيدۇ ، ئەمما ھازىرغىچە ئۈنۈمسىز ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. تېخىمۇ كۆپ تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن ، جۇڭگوغا بولغان بېسىمنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئاۋامنىڭ دىققىتىنى بۇ نۇقتىغا يۆتكەش جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ ، تېخىمۇ سىجىل ۋە قاراتمىلىقى بولغان بېسىمغا موھتاج. بۇ تىرىشچانلىقلارنىڭ بىردىنبىر قوبۇل قىلغىلى بولىدىغان نەتىجىسى تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىنى پۈتۈنلەي تاقىۋېتىش ، شىنجاڭدىكى نەزەربەنت سىستېمىسىنى پاچاقلاپ تاشلاش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك پىلانىغا خاتىمە بېرىش. بۇنداق قىلمىغاندا دىپلوماتىيىنىڭ مەغلۇبىيىتى ۋە خەلقئار تۈزۈمىنىڭ ئاجىزلىقنى ئىتراپ قىلغانلىق بولىدۇ. ئەنگلىيە ب د ت دىكى باياناتلىرىنىڭ ۋەزنىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشى ، ئۇلارنى ئىشلىتىپ شىنجاڭدىكى جازا لاگېرى سىستېمىسىنى دەرھال تاقىۋېتىشى ، ئاياللارنى مەجبۇرىي تۇغالماس قىلىۋېتىش ۋە بالىلارنى ئايرىۋېتىشنى دەرھال توختىتىشى ۋە شىنجاڭغا ياردەم قىلىش پىروگراممىسى نامى بىلەن ئېلىپ بىرىلىۋاتقان كەڭ كۆلەملىك مەجبۇرىي ئەمگەكنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىشى كېرەك.

7. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ ، خەلقئارا كۆزەتكۈچىلەرنىڭ شىنجاڭغا ، بولۇپمۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارلىقىنىڭ كىرىشىگە يول قويۇشى كېرەك. ھۆكۈمەت بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن ب د ت ئورگانلىرى ، ھەرخىل يىغىنلار ۋە شەرتنامىلەرنى ئاساس قىلغان ئورگانلىرىدىكى بارلىق پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەنگلىيە ئىتتىپاقداشلىرى ۋە بىتەرەپتىكلەر بىلەن تېخىمۇ قويۇق ئالاقىلىشىپ ، ب د ت دا ئاۋاز بېرىشى ۋە باياناتىنى قوللاشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

8. ئەگەر جۇڭگو پارتىيە – دۆلىتى، دۆلەت ئېچىدە تەكشۈرۈشنى توختاتسا ۋە ئالدىنى ئالسا ، ئەنگلىيە كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارىنىڭ جۇڭگونىڭ سىرتىدىن شىنجاڭدىكى ۋەھشىيلىكنى تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىشى كېرەك. ھۆكۈمەت يەنە كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى تەكشۈرۈش كومىتېتىنى ئىشقا سېلىشنىڭ يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشى كېرەك.

9. جۇڭگو ھەر خىل شەكىلدىكى ئىرقىي كەمسىتىشنى يوقىتىش ئەھدىنامىسى (CERD) نىڭ تالاش-تارتىشنى ھەل قىلىش مېخانىزمى (11-ماددا) غا قارىتا قارشى پىكىردە بولمىدى. بۇ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنى باشقىلار بىلەن بىرلىكتە جۇڭگونى جاۋابكارلىققا تارتىدىغان ياخشى پۇرسەت بىلەن تەمىنلەيدۇ ، بۇنىڭغا ئوخشاش دۆلەتلەر شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە دىققەت قىلالايدۇ ۋە جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرەلەيدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ ئىرقىي كەمسىتىشنى تۈگىتىش كومىتېتىغا جۇڭگو ئۈستىدىن ئەرز سۇنۇشنى تېزدىن تەۋسىيە قىلىمىز.

10. گەرچە جۇڭگو خەۋپسىزلىك كېڭىشىدە قارار ۋە بېلەت تاشلاشنى رەت قىلالىسىمۇ، ئەمما ئومۇمىي يىغىن ياكى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدە بۇنداق ھوقۇقى يوق ، بۇ قارارلار ئاددىي كۆپ سانلىقلار تەرىپىدىن ماقۇللىنىدۇ. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئالاھىدە يىغىنلارنى ئېچىش ھەققىدە مۇمكىنچىلىكلەرنى يوقىقا چىقارمىدى ، ھەمدە ئۆزىنىڭ ب د ت دىكى بارغانچە كۆپ قوللاشقا ئېرىشىۋاتقان باياناتىنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. بىز ئەنگلىيەنىڭ ب د ت ئومۇمىي مەجلىسى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدىن ئالاھىدە يىغىن ئېچىشنى تەلەپ قىلىپ، شىنجاڭدىكى كرىزىسنى ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

جاۋابكارلىق

11. ھۆكۈمەتنىڭ خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتى بىلەن شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا جايلاردىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان جىنايەتلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەكشۈرۈشنىڭ مۇمكىنچىلىكى ھەققىدە سۆھبەتلىششنى تەۋسىيە قىلىمىز.

12. دەلىل-ئىسپات توپلاش ۋە ساقلاش بۇ جىنايەتلەرنىڭ كەلگۈسىدىكى جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم. بىز ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭدىكى جىنايەتلەر توغرىسىدا دەلىل-ئىسپات توپلايدىغان خەلقئارالىق مېخانىزم بەرپا قىلىش ئۈچۈن مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرىشىنى ، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ ئۆزگەرتىش لاگىرى سىستېمىسىدا يوقاپ كەتكەنلەرنى تېپىشقا ياردەم بېرىدىغان تېخىمۇ كۆپ مۇئەسسەسەلەرنى بەرپا قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

بىرلەشمە قۇرۇش

13. دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ «D10» ئەندىزىسى بىرلەشمە قۇرۇشنىڭ ياخشى باشلىنىش نۇقتىسى ، ئەمما ئۇ چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىقى كېرەك - مۇھىم دىپلوماتىك تىرىشچانلىقلارنى ئافرىقا ، لاتىن ئامېرىكىسى ، ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى

دۆلەتلەرگىمۇ مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك. ھۆكۈمەت ب د ت ۋە باشقا ئورگانلار ئارقىلىق شىنجاڭغا قارىتا ھەرىكەتنى ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ ئىزچىل بولغان دېموكراتىك دۆلەتلەر ئىتتىپاقىنى بەرپا قىلىشقا باش بولۇپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك.

14. بىز G7 نىڭ قىممەت قاراش ۋە ياخشى باشقۇرۇشنى ئاساس قىلغان يەر-شارى ئۇل ئەسلىھە تەرەققىيات تۈرى بولغان «قايتىدىن ياخشى دۇنيا قۇرۇش (B3W)» پىلانىنى ئېلان قىلغانلىقىنى قارشى ئالىمىز. جۇڭگونىڭ «بىر بەلۋاغ بىر يول تەشەببۇسى» غا قارشى قويۇلغان بۇ تۈر جۇڭگونىڭ ھاكىممۇتلەقلىق تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇش، ھەممەيلەننىڭ مۇۋاپىق خىزمەت شارائىتىنى قوغداش ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى پۇرسەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىز ھۆكۈمەتنىڭ پۇل-مۇئامىلە ۋە مەۋجۇد بايلىقلارنى چىقىرىپ، كەلگۈسىدىكى B3W تۈرلىرىنىڭ بارلىق ئەخلاق ۋە قوغداش ئۆلچىمىگە يېتىشىگە كاپالەتلىك قىلىشىنى، ئۇنىڭ تەلەپ قىلغان قىممەت قارىشىنى ئاساس قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

2022-يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى

15. ئەگەر ئەنگلىيە 2022-يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلمىسا، پەقەت ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە قاتنىشىشى كېرەك. ھۆكۈمەت ئەنگلىيە ئولىمپىك جەمئىيىتىنىڭ ئېچىلىش ياكى يېپىلىش مۇراسىمىغا قاتناشماسلىقىنى تەۋسىيە قىلىشى كېرەك. ئۇ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى ھەر قانداق مۇراسىم ياكى پائالىيەتلەرگە ئەۋەتىشتىن يىراق تۇرۇشى، ئەنگلىيە كارخانىلىرىنىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە ياردەم بېرىش ياكى ئېلان قىلىشىنى كۈچلۈك توسۇشى، مەستانىلەر ۋە ساياھەتچىلەرنى يىراق تۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇشى، تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى قوللاش ياكى قوبۇل قىلىشىنى توسۇشى كېرەك.

جازا

16. جازانىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلار چوقۇم ئىتتىپاقداشلار بىلەن تولۇق ماسلىشىشى ۋە شىنجاڭدىكى ۋەھشىيلىكنىڭ زور مەسئۇلىيىتى بارلارغا قارشى ئىشلىتىلىشى كېرەك. ھۆكۈمەتنىڭ ئىتتىپاقداشلار بىلەن جازانى ماسلاشتۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، شىنجاڭدىكى قالايمىقانچىلىقلارغا ئەڭ كۆپ مەسئۇل بولغان ياكى ئالاقىسى بار يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا ۋە ئورۇنلارغا ئىزچىل جازا بېرىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

UNESCO

17. يازما خەتلەردىن بىزگە ئايانكى، يۇنېسكو شىنجاڭدىكى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمايۋاتىدۇ، مىڭلىغان مەسچىتلەر ھۆكۈمەت تەرىپىدىن چېقىۋېتىلگەن. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى يۇنېسكونىڭ تەكشۈرۈش ھوقۇقى ۋە جەريانىنى جىددىي، مۇستەقىل تەكشۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشى ھەمدە ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلىتىپ، باش مۇدىرغا ئۆز ئەندىشىلىرىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق ۋەدىسىنى ۋە ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىشى كىرەك. ئەنگلىيە ئىتتىپاقداشلار بىلەن ماسلىشىپ، دۇنيا مىراسلىرى كومىتېتىدىكى كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلغان ئەڭ ناچار دۆلەتلەرنىڭ تەسىرىنى توسۇش ۋە ئازايتىش ئۈچۈن سىياسەت قوللىنىشى كېرەك.

ئۇيغۇر دىئاسپورا / مەدەنىيەت

18. ئەنگلىيەدىكى ئۇيغۇر جامائىتى ئەزالىرىنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە توسالغۇسىز ئۇچرايدىغانلىقىنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. ھۆكۈمەت ئەنگلىيەدىكى بۇ جامائەتچىلىكنىڭ ئەزالىرى بىلەن جىددىي مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ دۇچ كېلىۋاتقان پاراكەندىچىلىكنىڭ دەرىجىسى ۋە ئۇلارغا لازىملىق ياردەم تۈرلىرىنى ئېنىقلىشى كېرەك.

19. ھۆكۈمەتنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە جۇڭگودىكى زىيانكەشلىكتىن قېچىۋاتقان باشقا ئاز سانلىق مىللەت ئەزالىرىنىڭ پاناھلىنىش رەسمىيىتىنى تىزلەشتۈرۈشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

20. ئەنگلىيە قايتۇرماسلىق پرىنسىپىنى ئاساس قىلغان «پاناللىنىش دۆلەتلىرى » ئىتتىپاقىنى قۇرۇشى لازىم. . بۇنداق قىلىش ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئاز سانلىق مىللەت توپىنىڭ ئەزالىرىغا ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۆلەتلەردە بىخەتەر بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ھەمدە ئۇيغۇرلارنى جۇڭگوغا مەجبۇرىي قايتۇرۇش بىلەن ئەيىبلەنگەن دۆلەتلەرگە دىپلوماتىك ۋە خەلقئارا ئابروي نۇقتىسىدىن بېسىمشەكىللەندۈرىدۇ.

21. بىز بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قىيناشقا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسىغا تەۋە دۆلەتلەرنىڭ بىرەرسىنىڭ ئۇيغۇرلارنى قوغلاپ چىقىرىش ۋە باشقا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەزالىرىنى جۇڭگوغا سۈرگۈن قىلغانلىقىغا ئائىت ئىشەنچلىك پاكىت بار يەردە، ئەنگلىيەنىڭ بۇ دۆلەت ئۈستىدىن قىيناشقا قارشى تۇرۇش كومىتىتىغا ئەرز سۇنۇشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

22. ئەنگلىيە كېڭىشى ئۇيغۇرنىڭ رەسمى ۋە غەيرى رەسمى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مەدەنىيەتنى قوغداش مەبلىغىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى كېرەك. BBC دۇنيا مۇلازىمىتى ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايۇنلارغا ئۇيغۇرچە تارقىتىشى كېرەك.

## مەجبۇرىي ئەمگەك

23. ئېلان قىلىنغىنى بەش ئايدىن ئاشقان بولسىمۇ، ھۆكۈمەت جىددىي ئېكسپورت تەكشۈرۈشىنىڭ قاچان بېكىتىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق ئىپادە بىلدۈرمىدى . شىنجاڭدىكى كرىزىس بەكلا جىددىي ۋە كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. بىز، ھۆكىمەتنىڭ بۇ دوكلاتقا بەرگەن جاۋابىدا ، خەلقئارا سودا مىنىستىرلىقىنىڭ ئېكسپورت تەكشۈرۈش نەتىجىسى ۋە ھەرىكىتىنى پارلامېنت بىلەن قاچان ئورتاقلىشىدىغانلىقىنى بىزگە ئۇقتۇرۇشىنى سورايمىز.
24. « ھازىرقى دەۋر قۇللۇق چەكلەش قانۇنى» نىڭ دوكلات ئامىللىرىغا ئەمەل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن جازا ۋە جەرىمانە قويۇش بىلەن بىرگە ، ھۆكۈمەتنىڭ يېڭى قانۇنلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، شىركەتلەر ۋە ئامىمىۋى تارماقلاردۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئۆز ئىشلەپچىقىرىش زەنجىرىدە مەجبۇرى ئەمگەكنىڭ بولىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كونكرېت تەدبىر قوللىنىشى كېرەكلىكىنى قانۇنى تەلەپكە ئايلاندۇرۇشىنى تەۋسىيە قىلىمىز. بۇ يېڭى تەلەپلەر، رىئايە قىلىنمىغان ئەھۋالدا ئەمەلىي جازا ۋە جەرىمانە قويۇش يوللىرى بىلەن كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى كېرەك.
25. ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز سۆزى بىلەن ئېيتقاندا ، «ھېچقانداق سودا ئۆزىنى ھازىرقى زامان شەكلىدىكى قۇل ئىشلىتىش جىنايىتىدىن قاچۇرالمايدۇ». دېمەك، خەلقئارا تەمىنلەش زەنجىرى بار ھەر قانداق سودا پائالىيىتىدىن قانۇنى-جاۋابكارلىقلارغا تولۇق رىئايە قىلىش، ئوچۇق-ئاشكارە بولۇش تەلەپ قىلىنىشى كېرەك. بىز ھۆكۈمەتنىڭ شىركەتلەرنىڭ قۇل ئىشلەتمەسلىك باياناتى ئېلان قىلىش مەجبۇرىيىتى بولۇشى ئۈچۈن 36 مىليون فوندستېرلىڭلىق سەرمايىسى بولۇش چېكىگە قايتا قاراپ چىقىشىنى ۋە تۈۋەنلىتىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.
26.ھۆكۈمەتنىڭ سودا-سانائەت ۋەكىللىرى، ئەلچىلەر ۋە خادىملار مۇھىم ئەسلىھەلەرنى قەرەللىك يېڭىلاپ تۇرۇشى ۋە تەربىيەلەش ئىمكانلىرى بىلەن تەمىنلىنىشى ، ئۇلار ئىشلەۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەجبۇرىي ئەمگەك خەۋپىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن خەلقئارا ئەمگەكچىلەرتەشكىلاتى قاتارلىق ئورگانلار بېكىتكەن خەلقئارا ئەمگەك تۈزۈم ئۆلچەملىرىگە ئۇيغۇنلۇق دەرىجىسى بويىچە، ئامما ۋە دۆلەت رەھبەرلىكى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن دەرىجىگە ئايرىش سىستېمىسى ئاساس بولۇشى كېرەك.
27. ھۆكۈمەت دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ قائىدىسىگە ئاساسەن ، جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بارلىق پاختا مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىمپورت قىلىنىشىنى چەكلەش مۇمكىنچىلىكى ئۈستىدە ئىزدىنىشى كېرەك. بىز ئاساسلىقى پاختا سانائىتى توغرىسىدىكى ئىسپاتلارنى ئاڭلىغان بولساقمۇ ، بۇ چەكلەش مۇمكىنچىلىكى بولغان باشقا سانائەتلەرگىمۇ كېڭەيتىلىشى كېرەك دەپ قارايمىز.
28. ھۆكۈمەت سودا-سانائەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ زامانىۋى ئىز قوغلاش ۋە مەھسۇلاتنىڭ ئەسلى مەنبەسىنى دەلىللەش ۋاستىلىرىنى يولغا قويۇشىنى قانۇنى جاۋابكارلىق دائىرىسىگە كىرگۈزۈش كېرەك.
29. ھۆكۈمەت مۇۋاپىق پەيتتە جۇڭگودا تىجارەت قىلىۋاتقان ئەنگلىيە شىركەتلىرى بىلەن كونكرېت خەتەردائىرىلەر ۋە ئامىللار توغرىسىدىكى ئەلچىخانا دەرىجىلىك ئاخباراتنى ئورتاقلىشىشى ، ئۇنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى خۇسۇسىي تارماقلارنىڭ قانۇنى- مەسئۇلىيىتىنى ئاتقۇزۇشقا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.
30. ھۆكۈمەت يەرلىك مەنبەلەر ، ئالاقىلەر ۋە جەمئىيەتتىكى كىشىلەردىن ئېرىشكەن ئۇچۇرلارنى ئىشلىتىپ ، مەجبۇرىي ئەمگەك كۈچى ئىشلىتىدىغان زاۋۇت ۋە شىركەتلەرنى ئېنىقلاپ چىقىشى ھەمدە ئۇلارغا ئىمبارگۇ يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئەنگلىيەگە ئىمپورت قىلىشىنى چەكلىشى كېرەك.
31. ئەنگلىيە خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتىنىڭ شىنجاڭ رايونىنى تولۇق تەكشۈرۈشىنى تەلەپ قىلىپ ، ئۇ يەردىكى مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ دەرىجىسىنى دەلىللەشنى جىددىي ھەم مۇھىم ئورۇنغا قويىشى لازىم.

## ئۇنىۋېرسىتېتلار / تېخنىكا

32. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتى ئاستىدا ، شىنجاڭ زامانىۋى ساقچى دۆلىتىگە ئايلاندى ، بۇ يەردە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە نازارەت قىلىش ، شەخسىي مەخپىيەتلىككە تاجاۋۇز قىلىش ۋە باستۇرۇشنى قوللايدىغان ئىلغار تېخنىكا قوللىنىلىدۇ. بىز بۇ جىنايەتلەرگە مەسئۇل جۇڭگو تەشكىلاتلىرى بىلەن ئەنگلىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك تەتقىقات باغلىنىشى بارلىقىنى بايقىدۇق.
33. ئۇرغۇن تېخنىكىلارنىڭ ھەم ياخشى تەرەپتە ھەم يامان تەرەپتە ئىشلىتىلىش يوشۇرۇن كۈچى بارلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا ، قايسى ئالاھىدە تېخنىكىلارنىڭ باستۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ئېنىقلاش تولىمۇ مۈشكۈل ، . جۇڭگو ئىنىستىتۇتلىرى شىنجاڭدىكى باستۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ياكى گۇمانى باغلىنىشلىق ۋە ياكى جۇڭگو ھەربىي تەتقىقاتى بىلەن ماھىيەتلىك باغلىنىشقا ئىگە بولسا ، ئەنگلىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ئۇلار بىلەن بولغان ھەر قانداق تېخنىكا ياكى تەتقىقات ھەمكارلىقىدىن ساقلىنىشى كېرەك. ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى تەتقىقات ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىگە جىددىي باھا بېرىپ ، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەھشىيلىككە چېتىشلىقى بايقالغاندا ياكى بار دەپ گۇمان قىلىنغاندا، ھەمكارلىق توختىتىلىشى كېرەك.
34. ھۆكۈمەتنىڭ مەبلەغ ۋە بىشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئارقىلىق، قەرەللىك يېڭىلاپ تۇرىلىدىغان قانۇنى-مەسئۇلىيەت ۋە ئاخبارات سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى قۇرۇپ، ئۇنىۋېرسىتېتلارنى تېخنىكا ياردىمى بىلەن كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى بىلەن مۇناسىۋىتى كۈچلۈك ياكى مەلۇم مۇناسىۋىتى بار جۇڭگو ئورگانلىرى ۋە شىركەتلىرىنىڭ مۇندەرىجىسى بىلەن تەمىنلىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز. FCDO، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە ئاكادېمىكلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مۇنبەر قۇرۇپ ، قانۇنى-مەجبۇرىيەتلەرنى نازارەت

قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە مۇزاكىرە قىلىشى كېرەك. بۇ مۇنبەر بارلىق ئامىللارنى ئىشلىتىپ ئىنىستىتۇتلارغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىنسانىي ئەخلاق ئۆلچەملەرگە گ ئەمەل قىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك.

35. هۆكۈمەتنىڭ ئىمبارگۇ تۈزۈمى ئارقىلىق ئەنگلىيەدىكى تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەھشىيلىكى بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقى بىلىنگەن ھەر قانداق شىركەت بىلەن سودا قىلىشىنى چەكلىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز. هۆكۈمەت ئەنگلىيە شىركەتلىرىنىڭ بۇ خىلدىكى جۇڭگو شىركەتلىرى بىلەن سودا قىلىش ، ئۇلارغا مەبلەغ سېلىش ياكى ئۇلار بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشىنى چەكلەپ، ئەنگلىيە شىركەتلىرىنىڭ تېخنىكا ئارقىلىق كىشىلىك هوقۇق دەپسەندىچىلىكى قىلىدىغانلارنى تېخنىكىلىق لايىھە ياكى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئەنگلىيەنىڭ ۋەھشىيلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئۇسۇلى

36. بۇ كومىتېتنىڭ ئىلگىرىكى كۆپلىگەن ھەرىكەتلىرى ۋە نۇرغۇنلىغان پۇقرالار جەمئىيىتى ئەربابلىرى هۆكۈمەتنىڭ ۋەھشىيلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن توقۇنۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى تەنقىد قىلىپ كەلدى. تارىخ بىزگە بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئالاھىدە مەسىلە ئىكەنلىكىنى ، ئوخشىمىغان ئۇسۇللارنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ، ھەر بىرئۇسۇلنىڭ ئېنىق ئىستراتېگىيىسى بولۇشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. هۆكۈمەتنىڭ ۋەھشىيلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا دۆلەتلىك ، ئورگانلار ئارا ئىستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

37. FCDO كەڭ كۆلەملىك ۋەھشىيلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئاساسلىق تارماق بولسىمۇ ، ئەمما هۆكۈمەتنىڭ بارلىق ئالاقىدار ئورگانلارغا كەڭ كۆلەملىك ۋەھشىيلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى كونكرېت مەسئۇلىيىتى ھەققىدە ئېنىق يېتەكچىلىك ۋە تەربىيىلەش ئېلىپ بېرىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز. چېتىشلىق تارماقلارنىڭ ۋەھشىيلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش يېتەكچىسى قىلىپ بېكىتىلگەن يۇقىرى دەرىجىلىك خادىملار بولۇشى كېرەك. ئورگانلار ئارا ئىستراتېگىيىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ، هۆكۈمەت مەخسۇس قانۇن ، جازا ، ئاخبارات ۋە ياردەم پروگراممىلىرى ، شۇنداقلا تارماقلارنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىلىملىرىنى ئاساس قىلغان مەخسۇس ۋەھشىيلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ چىقىشى كېرەك. بۇ گۇرۇپپا FCDO غا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى كېرەك ، ئەمما خىزمەت دائىرىسى ۋە تەسىرى هۆكۈمەتنىڭ ھەممە تارماقلىرىدا بولۇشى كېرەك.

38. ئەگەر ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈشتىن كېيىن ۋەھشىيلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا چىقسا ، ئۇنداقتا خىزمەتچىلەرنى يېتەرلىك تەربىيەلەش لازىم بولىدۇ. هۆكۈمەت FCDO خىزمەتچىلىرىگە ۋەھشىيلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش «قۇرال ئامبىرى» ۋە ۋەھشىيلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەشىقى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

39. ئەنگلىيە هۆكۈمىتىنىڭ باشقىلارغا ئوخشاش شىنجاڭدىكى ۋەھشىيلىكنى بىز ھازىر كۆرۈۋاتقان سەۋىيىگە يېتىشتىن بۇرۇن تونۇپ يېتەلمىگەنلىكى كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. ئىنتېلپاقداشلار ۋە يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئاخباراتلىرىنى ئىشلىتىپ ، مېخانىزىمىنىڭ ئۈنۈملۈك ، يۇقىرى تورلاشقان ۋە ئاكتىپچان بالدۇر ئاگاھلاندۇرۇش سىستېمىغا ئىگە بولۇش كەلگۈسىدە بۇ كۆلەمدىكى ۋەھشىيلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئىنتايىن مۇھىم. ئوخشاشلا ، يېڭىدىن ئېلان قىلىنغان توقۇنۇش مەركىزى[2] مۇ قورالىلىق توقۇنۇش دائىرىسىگە كىرمەيدىغان شىنجاڭدىكىگە ئوخشاش كەڭ كۆلەملىك ۋەھشىيلىكنى خىزمىتىنىڭ ئالدىنقى ئورۇنىغا قويۇشى كېرەك. هۆكۈمەت يېڭىدىن ئېلان قىلىنغان توقۇنۇش مەركىزىدە كەڭ كۆلەملىك ۋەھشىيلىكنى مۆلچەرلەشكە مەركەزلەشكەن قوشۇمچە ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى ۋە ئاساسىي ئېقىمدىكى توقۇنۇشتىن خالىي زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەپەككۇرىنى يولغا قويۇشى كېرەك.

40. هۆكۈمەت ئورگانلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئەنگلىيەنىڭ كەڭ كۆلەملىك ۋەھشىيلىككە بولغان ئىنكاسىنى ياخشىلاشتا ئىنتايىن مۇھىم ، ئەمما ئۆزى يېتەرلىك ئەمەس. قارار چىقىرىشتا ۋەھشىيلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ، هۆكۈمەت دەرىجىسىدە رەھبەرلىك بولۇشى كېرەك. هۆكۈمەتنىڭ ۋەھشىيلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالاھىدە ۋەكىلى تەيىنلەپ ، پارلامېنت ۋە هۆكۈمەتتە كەڭ كۆلەملىك ۋەھشىيلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئىزچىل ياخشى قوللاشقا مۇيەسسەربولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

41. هۆكۈمەتنىڭ ئاۋىستىرالىيە ئىستراتېگىيىلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەھشىيلىك تەتقىقاتى ئۈچۈن مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەنلىكىدىن خۇشال بولدۇق. بۇ تەتقىقات جۇڭگو هۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك هوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى دۇنياغا تېخىمۇ كەڭ ئاشكارىلاشتا تولىمۇ قىممەتلىك. هۆكۈمەت بۇ خىل تەتقىقاتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەبلەغ بىلەن تەمىنلىشى كېرەك ، بۇخىل تەتقىقاتلار جۇڭگو پارتىيە هۆكۈمىتى بار كۈچى بىلەن يوشۇرماقچى بولغان ناھەقچىلىكلەرنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلەۋاتىدۇ.

خۇلاسە

42. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، جۇڭگوهۆكۈمىتى قائىدە-پرىنسىپلارنى ئاساس قىلغان خەلقئارا سىستېمىنى سىناپ ۋە قارشى چىقىپ پالەچ ھالغا چۈشۈرۈش دەرىجىسىگە ئەكىلىپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىنى نەچچە ئەۋلاد كاپالەتلىك قىلىپ كېلىۋاتقان ئاساسىي پرىنسىپلارنى كۆزگە ئىلمىدى. جۇڭگوغا ئوخشاش كۈچلۈك دۆلەتلەردىن ئۆز ھەرىكىتىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن بىرلىكتە تىرىشىشنىڭ يېڭى يوللىرىنى تېپىش بۇ سىستېمىنى قوللايدىغان بارلىق دۆلەتلەر ۋە هۆكۈمەتلەرنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر. شىنجاڭ، دۆلەتلەر جاۋابكارلىقتىن خالىي ھەرىكەت قىلغاندا يۈز بېرىدىغان ئىشلارنىڭ بىر مىسالى. بىز بۇنىڭ خەتەرلىك ئۈلگە تىكلىمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

43. بىز ئەنگلىيە هۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا سۆزلەش ۋە ئوتتۇرىغا قويۇشتا ئېلىپ بېرىۋاتقان خىزمەتلىرىنى ماختىغان بولساقمۇ ، ئەمما بىز ئۇنىڭ ھەرىكىتىنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىگە ماس كەلمىگەنلىكىدىن ۋە

ھازىرغىچە ئۇنۇمسىز بولىۋاتقانلىقىدىن ئەندىشە قىلىمىز. بۇ كۆلەمدىكى كرىزىس ھۆكۈمەت ھالقىغان، ساھە ھالقىغان، خەلقئارالىق ھەل قىلىش چارىسى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ دوكلاتتا بىز كۆپ تەرەپلىك ھەرىكەت، خۇسۇسىي ئىگىلىك ئىسلاھاتى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان دىئاسپورا ئەزالىرىغا كېرەكلىك ياردەم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ۋەھشىيلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى ھەققىدە تەكلىپ بەردۇق. بۇ تەۋسىيەلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى شىنجاڭ كرىزىسىغا تېخىمۇ پۇختا ۋە ئەتراپلىق ھۆكۈمەت ئىنكاسى تەمىنلەپ، مىللى كىملىك سەۋەبلىك زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان كىشىلەرگە ئىمكانىيەت دائىرىسىدىكى بارلىق ياردەم بېرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ئىزاھلار:

[1] بىز ئاڭلىغان نۇرغۇن گۇۋاھچىلار شەرقىي تۈركىستان دېگەن ئىسمنى ئىشلىتىپ، بۇ رايوننىڭ جۇڭگودىن مۇستەقىل دۆلەت بولۇشى كېرەكلىكىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى ئەكىس ئەتتۈردى. بىز بۇ دوكلاتتا بۇنداق سوئاللارنى مۇلاھىزە قىلمايمىز. بىز بۇ رايوننىڭ ئىدىئولوگىيەلىك ياكى سىياسىي مەنىدىن خالىي ئىسمىنىڭ يوقلىقىنى تونۇپ يەتسەكمۇ، ئەمما بۇ رايوننى تىلغا ئالغان كۆپىنچە ھاللاردا قىسقا شەكىلدىكى «شىنجاڭ» نى ئىشلىتىشنى تاللىدۇق.

[2] توقۇنۇش مەركىزى FCDO نى ئاساس قىلىدۇ، ھەمدە «ھۆكۈمەت ۋە باشقا جايلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئىستراتېگىيىلىك توقۇنۇش كۆن تەرتىپىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ۋە يېتەكلەيدۇ».
كابىنېت ئىشخانىسى، رىقابەت دەۋرىدىكى يەرشارىلاشقان ئەنگلىيە: بىخەتەرلىك، مۇداپىئە، تەرەققىيات ۋە تاشقى سىياسەتنى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش، 2021-يىل 16-مارت، 79-بەت.